# ئىسلاھات ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھات بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىسلاھاتتا تېخىمۇ زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇقتىلىق ۋەزىپىسى، ئۇسۇلى ـ يولى قاتارلىق جەھەتلەردىن بىر قاتار بۆسۈش خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيە خاراكتېرلىك، يېتەكچى خاراكتېرلىك مۇھىم ئىدىيە ۋە مۇھىم، زور ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى دەۋردە نېمە ئۈچۈن ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، ئىسلاھاتنى قانداق قىلىپ ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرىمىز قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە ئىلمىي جاۋاب بەردۇق. ئىككىنچى، بۇ، ئىسلاھاتنى تەشكىللەش شەكلىدىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش. بىز پارتىيەنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشى ۋە سىستېمىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئىسلاھاتنى پىلانلاپ، ئالغا سىلجىتىپ، ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئاساسنى پۇختىلاپ ياخشى ۋەزىيەت يارىتىش، ئاساسىي رامكىنا تۇرغۇزۇشتىن ئوتتۇرا مەزگىلدىكى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، ياخشى ۋەزىيەت يارىتىشقىچە، يەنە ھازىرقى باسقۇچتىكى سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇش، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشنى كۈچەيتىشكىچە، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈلمە خاراكتېرلىك توسالغۇ، مېخانىزم خاراكتېرلىك توسۇق، سىياسەت خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىلىرىنى تېز ھەم پۇختا، كۈچلۈك ھەم تەرتىپلىك ھەل قىلدۇق، يۆنىلىش، نىشان ئېنىق، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما ئايدىڭ، ئۇسۇل، يول يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولدى، دائىرىلىك ئىزدىنىش، يېڭى باشلاش، بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىن سىستېمىلىق ماسلاشتۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقىچە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئۈچىنچى، بۇ، دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش. بىز باشتىن ـ ئاخىر تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈزۈم راكسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈپ تۈزۈمنى مۇستەھكەملىدۇق، ئاساسىي تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈردۇق، مۇھىم تۈزۈمدە يېڭىلىق ياراتتۇق. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويۇش، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى قاتارلىق مۇساپىلەردە تۈزۈم قۇرۇلۇشى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى، ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچلۇق تەدبىر بولۇش رولى تولۇق نامايان قىلىندى. مەيلى ئىسلاھاتنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىدىن قارىغاندا، ياكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىسلاھاتقا بولغان ئەمەلىي سىنىقىدىن قارىغاندا بولسۇن، قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى روشەن دەۋر خاراكتېرىگە ۋە ئەمەلىيەت خاراكتېرىگە ئىگە. تۆتىنچى، بۇ، خەلق كەڭ دائىرىدە قاتناشقان بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش. بىز خەلقنى مەركەز قىلىپ ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى خەلقنىڭ باش ئىجادىيەتچىلىك روھىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتۈشنى ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالدىن يولغا قويۇش بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىنى تۇتۇپ نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچى بەس ـ بەستە ئۇرغۇغان، تولۇق قوزغىتىلغان جانلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىسلاھات يولدا يەنىلا نۇرغۇن مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، بىز نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىقنى يەڭدۇق، لېكىن يەنە يېڭىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىق بار، بىز نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ يەڭدۇق، لېكىن يەنە نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ يېڭىشىمىز كېرەك. ئىسلاھاتنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىشنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، ئىجادىي خاراكتېرلىك، يېتەكچى خاراكتېرلىك ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن تۈزۈمنى تۈپلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئۇللۇق ۋە مۇھىم، زور يېتەكلەش رولىغا ئىگە ئىسلاھات تەدبىرلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشتا تولۇق بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش ۋە جىپسىلاشتۇرۇپ يۈرۈشلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشنى ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىگە چوڭقۇر ھۆكۈم قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان پۇرسەت، شەكىل، رىتىمنى ئىلمىي پىلانلاپ، ئىسلاھاتنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش بىلەن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەشنى بىرلەشتۈرۈپ، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئىسلاھاتنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەركەز كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى باشقۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە كومىتېتى(پارتىيە گۇرۇپپىسى)نىڭ تەدبىر بەلگىلەش، ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى ھوقۇق ـ مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمەت شەكلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيە كومىتېتى(پارتىيە گۇرۇپپىسى) بىلەن مۇدىرىيەت، دىرېكتورلار قاتلىمى قاتارلىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت قانۇندا بەلگىلەنگەن، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئاشكارا بولغان، ماس يۈرۈشىدىغان، ئۈنۈملۈك چەكلەيدىغان شىركەت ئىدارە قىلىش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئايلانما تەرەققىي قىلىدىغان ئىقتىساد سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ بايلىق، مۇھىت، ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي تەدبىر. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېشىل يىرىك پىلان، يېشىل لايىھە، يېشىل سېلىنما، يېشىل قۇرۇلۇش، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، يېشىل ئوبوروت، يېشىل تۇرمۇش، يېشىل ئىستېمالنى ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن جەريانلىق يولغا قويۇپ، تەرەققىياتنى بايلىقتىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قاتتىق قوغداش، پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىك قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مۇھىت ئۇچۇرلىرىنى قانۇن بويىچە ئاشكارىلاش كارخانا مۇھىتىنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم تۈزۈم، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈم سىستېمىسىنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك مەزمۇنى. ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، دىققەتنى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، ئاممىنىڭ ساغلاملىقى ۋە پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇھىم، زور تەسىر كۆرسىتىدىغان، بازار ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسى يۇقىرى بولغان كارخانىلارنىڭ مۇھىت ھەرىكىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشكارىلاش، قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ماسلىشىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قانۇنچىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلار تەلەپچان، باشقۇرۇش ئۈنۈملۈك، نازارەت قىلىش قاتتىق، تىرىكى كۈچلۈك بولغان مۇھىت ئۇچۇرلىرىنى مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھۆكۈمەت ئىشلىرى سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش ـ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش، سانلىق مەلۇماتلاردىن تەرتىپلىك ئورتاق بەھرىلىنىشنى تېز ئالغا سىلجىتىشتا، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، قوللىنىشقا يېتەكلەش، بىخەتەر، كونترول قىلغىلى بولىدىغان بولۇش، قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، قوللىنىشتا يېڭىلىق يارىتىش، ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش بىخەتەرلىكى تۈزۈم سىستېمىسى، باشقۇرۇش سىستېمىسى، تېخنىكا مۇداپىئە سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىپ، تارماقلار ئارىسىدىكى ئۈچۈر توسۇقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سانلىق مەلۇماتلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ دەل جايىدا، راۋان بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، قانۇنچىللاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: خامچوت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، خامچوتنى قانۇن بويىچە بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى بېجىرىدىغان تۈزۈلمە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مالىيە بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي كاپالەتلىك قىلىش، تۆۋەن چەكنى ساقلاشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خامچوتنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت ئىقتىسادچىل تۇرمۇش كەچۈرۈش تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەتخەجلىك قىلىش، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق قاتارلىق ھادىسىلەرنى تۈگىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەت پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئەۋزەللىكى، بايراقنى كۆتۈرۈش، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى چۆرىدەپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قوزغاپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باج ئىشلىرىدا قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلىنى ئەلالاشتۇرۇشتا باج ئىشلىرىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدىيەسى، شەكلى، ۋاستىسىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، دەل جايىدا قانۇن ئىجرا قىلىش، ئىنچىكە مۇلازىمەت قىلىش، دەل جايىدا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، سەممىي ئورتاق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، باج قانۇنىغا ئەمەل قىلىش دەرىجىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، باج يىغىش، باج تاپشۇرۇش تەننەرخىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىپ، باجنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى ئۇللۇق، تۈۋرۈكلۈك، كاپالەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۇل مۇئامىلە سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىش دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا مۇلازىمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش، ياخشى پۇل مۇئامىلە قانۇنچىللىق مۇھىتى يارىتىش، ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. بېيجىڭ دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش مەركىزى، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن پۇل مۇئامىلە سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، رايوننىڭ فۇنكسىيەلىك ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە دېلولىرىغا قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، پۇل مۇئامىلە بويىچە سوت قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، پۇل مۇئامىلە بويىچە سوت قىلىشنىڭ كەسپىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ گېرمانىيە، فرانسىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن سىنلىق ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى دۇنيا ۋە جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن ئالاھىدە بىر يىل بولدى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى چوڭقۇر گىرەلىشىپ، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. ئىككى تەرەپ بۇ يىل ئىچىدە جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى تاماملاش كۆزلىمە نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەڭپۇڭ، يۇقىرى سەۋىيەلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى نامايان قىلدى، بۇ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزئارا مەبلەغ سېلىشىنى تېخىمۇ چوڭ بازار ئىجازىتى، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىجارەت ـ سودا مۇھىتى، تېخىمۇ كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتى، تېخىمۇ پارلاق ھەمكارلىق ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا يۇقۇمدىن كېيىنكى مەزگىلدە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى ۋە ئەركىن سودىغا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بازارنىڭ مۇھىم تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى ياۋروپا ۋە دۇنيانى تېخىمۇ كۆپ بازار پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، تېخىمۇ چوڭ ھەمكارلىق بوشلۇقى يارىتىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئەركىن سودا ۋە كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگولۇق مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوچۇق، ئادىل، كەمسىتىش بولمىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2021 ـ يىلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى پۈتۈن يەر شارىدىكى ئىككى چوڭ كۈچ، ئىككى چوڭ بازار، ئىككى چوڭ مەدەنىيلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى نامايان قىلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، دۇنيا تىنچلىقى، تەرەققىياتىنىڭ ھەمكارلىشىپ بەرپا قىلغۇچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. ئىككى تەرەپ سۆزلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئىشەنچنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈشى، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

بىرىنچى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ۋاكسىنىنىڭ يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات سۈپىتىدە ئادىل تەقسىملىنىشى، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. سىياسەت جەھەتتىكى ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ بالدۇرراق توغرا يولغا قايتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش كېرەك. سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى زورايتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ياۋروپا ئىتتىپاقى، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيەسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، رەقەم ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى مۇھاكىمە قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، يېشىل تەرەققىياتنى تېزلىتىش كېرەك. جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇھىت ۋە كلىمات يۇقىرى قاتلام سۆزلىشىش مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى، كلىمات ئۆزگىرىشى، تەبىئەتنى قوغداش خەلقئارا يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى ئۆزئارا قوللاش كېرەك.

بەشىنچى، كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق رامكىلار ئىچىدىكى ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ۋە رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىنى قوللاپ، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ يىل ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو قويۇق يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى ساقلاپ، جۇغراپىيەلىك بەلگە كېلىشىمى قاتارلىق بىرقاتار مەسىلىلەردە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۈگۈن بىز ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئورتاق جاكارلىدۇق، بۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى، ئېچىۋېتىشىغا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق. بۇ، دۇنياغا ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا بەزى مەسىلىلەردە ئىختىلاپ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا سۆزلىشىشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسىي ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى. ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى يۇقىرى سەۋىيەلىك بولدى، ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، مەبلەغ سېلىشنى قولايلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى ئالقىشلايدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللايدۇ، كۈچلۈك بولغان ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى بۈگۈنكى دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان يەر شارىۋى خىرىسنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق. ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ كلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ھەمدە ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللانغان مۇھىم، زور تەدبىرلىرىنى ئالقىشلايدۇ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، كلىمات ئۆزگىرىشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتى قاتارلىق مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق زىچ ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئۆزئارا يېڭى يىللىق سالام يوللىدى، يېڭى بىر يىلدا قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇھىم، زور ئالاقە قارارلىرىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئورتاق بىلدۈرۈشتى.

ليۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار ئۇچرىشىشقا قاتناشتى.